# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

(بېشى 7 - بەتتە)

چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىنلار ئىناق بولغان ياخشى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەيمىز.

شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىمىز. شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشى يېرىك پىلانىنى يولغا قويىمىز. جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى مەكتەپ، ئائىلە، مەھەللىگە كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولىمىز. تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - خارابىلىكلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قۇرۇلۇشى، مۇزېي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تارىخ ئارقىلىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق دەلىللەشنى كۈچەيتىمىز. مەدەنىيەت مۇلازىمىتى تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت نادىر ئەسەرلىرى ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى روشەن دۆلەت دەرىجىلىك بىر تۈركۈم ساياھەت، ئىستراھەت شەھەرلىرى ۋە كوچىلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئامما خاراكتېرلىك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرىمىز.

**10) ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ كاپالەتلەندۈرىمىز ۋە ياخشىلايمىز**

خەلقنى مەركەز قىلىش تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، دىققەتنى خەلق ئاممىسى ئەڭ تەقەززا بولۇۋاتقان، ئەڭ ئەندىشە قىلىۋاتقان، ئەڭ ئارزۇ قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرىمىز، شۇ دەرىجىلىك مالىيە چىقىمىنىڭ 70%تىدىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئون تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى»نى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئاشۇرىمىز، تېخىمۇ كاپالەتلەندۈرىمىز، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىمىز.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىمىز. ئاكتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، شەھەر - يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر، ھەربىيدىن چېكىنگەنلەر، قىيىنچىلىقى بارلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتىمىز، بىناكارلىق ساھەسىنىڭ تېخنىكىلىق ئىش تۈرلىرىدە ئۈچ يىلدا 200 مىڭ كىشىنى كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىمىز، شىمالىي شىنجاڭ كەسىپلەر ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش پىلانىنى يولغا قويۇپ، ئەمگەك ئىقتىدارى بار ھەر بىر كىشىنى تىرىشىپ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز. شەھەر - بازارلاردا 460 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىدىن 2 مىليون 700 مىڭ ئادەم (قېتىم)دىن كۆپرەكىنى يۆتكەيمىز.

كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىمىز. ئاھالىنىڭ ئىستېمال ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق كىرىم تەقسىمات تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ئوتتۇرا ھال كىرىملىكلەرنى كۆپەيتىپ، شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ كىرىمى ۋە ئەمگەك ھەققىنىڭ ئېشىشىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىن تۆۋەن بولماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىمىز. دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىدىكى مائارىپنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىمىز. يەسلى مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىش، ئومۇميۈزلۈك مەنپەئەت يەتكۈزۈش تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، 4 ياشتىن 6 ياشقىچە بولغان ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلاردىن يەسلىدە «ئوقۇشقا تېگىشلىكلىرىنىڭ ھەممىسى ئوقۇتۇش»قا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ سۈپەتلىك، تەكشى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى مەكتەپلەرنىڭ كۆپ خىللاشقان تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىمىز. كەسپىي مائارىپ ئىسلاھاتى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، كەسپىي مەكتەپ بىلەن ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىكىشى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ يۇغۇرۇلۇشى، مەكتەپ بىلەن كارخانىنىڭ ھەمكارلىشىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. ئالىي مائارىپنىڭ ماھىيەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ يېڭى مەكتەپ رايونى قۇرۇلۇشىنى تاماملايمىز، خوتەن شۆيۈەنى قۇرۇشنى قوللايمىز. ئالىي مائارىپنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى مۇقىم ئاشۇرۇپ، ئالاھىدە مائارىپ، مەخسۇس مائارىپ كاپالىتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش - يۆلەش سالمىقىنى زورايتىپ، تىرىشىپ ھەر بىر بالىنى مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان، ياخشى ئوقۇيالايدىغان، ئادىل ھەم سۈپەتلىك مائارىپتىن بەھرىمەن بولالايدىغان قىلىمىز.

ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىمىز. شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرۈشنى سىجىل قانات يايدۇرىمىز، يېڭى دەۋر ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرىمىز. كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسى، ئاممىۋى ساقلىقنى ساقلاش جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيا كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك كېسەللىكلەرنى تىزگىنلەش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۈرۈمچى، جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭنىڭ داۋالاش بايلىقىنى مۇۋاپىق جايلاشتۇرىمىز. ئاساسىي قاتلامنىڭ ساقلىقنى ساقلاش بايلىق سېلىنمىسىنى زورايتىپ، ئۈچ دەرىجىلىك داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمەت تورى ۋە دەرىجىگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش، داۋالاش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «ئالاقە تورى + داۋالاش» ۋە يىراق مۇساپىلىك داۋالاش خىزمىتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىمىز. ئۇنىۋېرسال دوختۇرلار نۇقتا قىلىنغان ئاساسىي قاتلام داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ داۋالاش شارائىتىنى ياخشىلايمىز، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز. نۇقتىلىق يەرلىك كېسەللىكلەر، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، كەسپىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قۇتقۇزۇپ داۋالاش سالمىقىنى ئاشۇرىمىز. داۋالىنىش ئارقىلىق كۈتۈنۈش، ساقلىقنى ساقلاش ئارقىلىق كۈتۈنۈش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ساغلاملىق كەسىپلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرىمىز.

ئىجتىمائىي كاپالەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىمىز. ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ۋە ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىم سۇغۇرتىسى، شەھەر - بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسىنىڭ ئومۇملىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىمىز، شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئۆلچىمىنى ھەرىكەتچان تەڭشەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز، مېيىپلار، روھىي كېسەللەر قاتارلىق ئالاھىدە كىشىلەرنى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى كۈچەيتىپ، يېزىلاردىكى ئۆزى ئىختىيار قىلغان «بەشتە كاپالەتلىك» ياشانغانلارنىڭ ھەممىسىنى مەركەزلىك بېقىش، يېتىم بالىلارنىڭ ھەممىسىنى مەركەزلىك يىغىپ بېقىشنى ئالغا سىلجىتىمىز.

ئەمىن ئۆي كاپالىتى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىمىز. تۇرالغۇ ئىجارە بازىرىنى تېزدىن يېتىلدۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يەر بىلەن تەمىنلەشتە ئىجارە ئۆي قۇرۇلۇشىغا مايىل بولۇش، ئۆي ئىجارە ئېلىش ھوقۇقى بىلەن ئۆي سېتىۋېلىش ھوقۇقى تەڭ بولۇشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش سىياسەت تەدبىرىنى بېكىتىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرىمىز، كوللېكتىپ قۇرۇلۇش يېرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئىلكىدىكى بىكار يەردىن پايدىلىنىپ ئىجارە ئۆي سېلىش ئۈستىدە ئىزدىنىمىز، كاپالەتلىك ئىجارە ئۆي قۇرۇلۇشى سالمىقىنى زورايتىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجارە ئۆي سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجارە ئۆي بازىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىجارە ئۆيلەرگە دائىر باج - ھەق يۈكىنى يېنىكلىتىپ، شەھەر - بازاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر، يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرنىڭ ئۆي سېتىۋالالماسلىق مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىمىز. شەھەر - بازاردىكى كەپە رايون ۋە شەھەر ئىچىدىكى كەنتلەرنى ئۆزگەرتىشنى پۇختا قەدەمدە يولغا قويۇپ، شەھەر - بازاردىكى كونا ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، شەھەر - بازاردىكى 1714 كونا ئولتۇراق رايوننى، 231 مىڭ 500 ئائىلىلىك ئۆينى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى تاماملايمىز، ئولتۇراق رايونلارنىڭ يانداش ئەسلىھەلىرى ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل ئەسلىھەلىرىنى نۇقتىلىق ئۆزگەرتىپ مۇكەممەللەشتۈرىمىز، ھازىرقى تۇرالغۇلارغا لىفت ئورنىتىشنى قوللايمىز، مەھەللىلەرنىڭ ياشانغانلارنى كۈتۈش، ھاۋالىلىك بېقىش، داۋالاش قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز، يېزىلاردا ئۆي بىخەتەرلىكى يوشۇرۇن خەۋپىنى مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرىمىز، يېزىلاردىكى ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە كۆچمەن چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەيمىز ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرىمىز.

كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىمىز. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش (1 - قەرەللىك) قۇرۇلۇشىدا قېپقالغان 287 مىڭ ئائىلىلىكنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى تاماملايمىز. «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» بىلەن «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا گاز ئىشلىتىش»نى بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى كۈچەپ ياخشىلاپ، تۇرمۇش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىمىز.

چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىمىز. چېگرا بويىدىكى رايونلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، چېگرا بويى ئىقتىساد بەلبېغىدىكى كەسىپلەر توپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پىششىقلاش سودىسىنى قوبۇل قىلىش - يۆتكەش بويىچە بىر تۈركۈم ئۆلگىلىك بازىلارنى يېتىلدۈرىمىز، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش تۈرىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، چېگرا رايوندىكى ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلايمىز.

ئاممىۋى بىخەتەرلىكنى كاپالەتلەندۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىمىز. يېمەكلىك - دورا بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش سىستېمىسى، ماددىي ئەشيا كاپالىتى سىستېما قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەشتىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى تېزلىتىمىز. بىخەتەرلىك ئېڭىنى ھەقىقىي پۇختا تۇرغۇزۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىك بويىچە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە ئېغىر ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي توسۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرىمىز.

مۇقىملىق ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىمىز. ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك، خاتىرجەم ياشىشىدىكى ئەڭ ئاساسىي تەلەپ ۋە ئەڭ مۇھىم خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە قارا، رەزىل كۈچلەردىن قەتئىي مۇداپىئەلىنىپ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ، قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەردىن قەتئىي مۇداپىئەلىنىپ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، تىنچ، تەرتىپلىك ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىمىز، پۈتكۈل جەمئىيەتتە مۇقىملىقنىڭ پايدىسىنى تولۇق يەتكۈزۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى مۇقىملىق پايدىسىدىن تولۇق بەھرىلەندۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال - خورام ئىشلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

**11) بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىڭتۇەننىڭ ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى قوللايمىز**

بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر ئائىلە ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقىمىز بىلەن بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشى، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى قوللاپ، بىڭتۇەننىڭ ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ياخشى شارائىت يارىتىمىز. بىڭتۇەننىڭ «مەمۇرىيەت» فۇنكسىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە ئۆزگەرتىشنى قوللاپ، بىڭتۇەننىڭ ئاپتونوم رايون بەرگەن مەمۇرىي فۇنكسىيە ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى قوبۇل قىلىشى، ياخشى يۈرگۈزۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ياردەم بېرىپ، بىڭتۇەننىڭ تەرەققىيات ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتىمىز. جەنۇبىي شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىنىڭ كەسىپ جايلىشىش، نوپۇس ئورۇنلىشىش، شەھەر - بازارلىشىش ئەندىزىسىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، بىڭتۇەننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر تۈركۈم شى، شەھەر ۋە تۇەن - بازارلارنى يېڭىدىن قۇرۇشىنى قوللايمىز، بىڭتۇەننىڭ قاتناش، سۇچىلىق، ئېلېكتر كۈچى، خەۋەرلىشىش قاتارلىق مۇھىم، زور ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىنى قوللاپ، بىڭتۇەننىڭ جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىدىكى سۇ ئىشلىتىش مەسىلىسىنى زور كۈچ بىلەن ھەل قىلىپ، بىڭتۇەننىڭ جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا پائال شارائىت يارىتىپ بېرىمىز. بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، جەمئىيەت، كادىرلار - ئىختىساسلىقلار، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردىكى يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىساد يۇغۇرۇلۇپ تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەت يۇغۇرۇلۇپ ئورتاق يارىتىلغان، مۇقىملىقنى قوغداش مەسئۇلىيىتى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىنغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئورتاق بەرپا قىلىنغان ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولىمىز.

**12) تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىيەتنىڭ سىجىل مۇقىملىقى، ئۇزاققىچە مۇقىملىقىنى ساقلايمىز**

ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇپ، ھەر قايسى ساھەلەردىكى ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىمىز. شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، مۇشكۈللۈكى، مۇرەككەپلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ مۇقىملىقنى قوغداش كېرىچىنى ھەر ۋاقىت چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە تەدبىر قوللىنىپ، ھادىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەيمىز، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، قاتتىق زەربە بېرىش يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى بوشاشتۇرماستىن چىڭ ساقلاپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ مۇقىملىقنى قوغداشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەردە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ مۇقىملىقنى قوغداشنى قانۇنچىللاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ كۈرەش قىلىپ، جىنايەتكە زەربە بېرىپ، قانۇنچىل تەپەككۇر ۋە قانۇنچىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالىمىز، مەسىلىنى ھەل قىلىمىز، زىددىيەتنى تۈگىتىمىز. خەۋپ - خەتەرنى تۈگىتىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ھۆكۈمەت قەرزىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىمىز، كارخانا قەرزى خەۋپ - خەتىرىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئالىمىز، سودا بانكىلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلىسى خەۋپ - خەتىرىنى قاتتىق تىزگىنلەيمىز. ئەرزىيەت تۈزۈم - مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش — بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا قىلغان ئالاھىدە غەمخورلۇقى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئىلغار ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ 14 - بەش يىللىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش يېرىك پىلانىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە پائال ماسلىشىپ، شىنجاڭغا كادىرلار - ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا كەسىپلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا مائارىپ ئارقىلىق ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا داۋالاش ئارقىلىق ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا مەدەنىيەت ئارقىلىق ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا تەنتەربىيە ئارقىلىق ياردەم بېرىشتە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرىمىز!

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇھىم بىخەتەرلىك توسۇقى، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقى ۋە خاتىرجەملىكى پولاتتەك سېپىلنىڭ قوغدىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە قىسىم قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىيدىن چېكىنگەنلەر خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيمىز، ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى ۋە ئارمىيە - خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز، ھەربىيلەر شان - شەرەپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىمىز، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى دەرىخىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزىمىز، باراقسان ئۆستۈرىمىز، مەڭگۈ ياشنىتىمىز!

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! نۆۋەتتە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن دۇنياغا زىيان سالماقتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى ھېلىھەم ئىنتايىن كەسكىن. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كېرىچىنى باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە، ئىلمىي، دەل جايىدا ئوبدان تۇتۇپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر مەلۇم قىلىش، بالدۇر ئايرىۋېتىش، بالدۇر داۋالاشتا چىڭ تۇرىمىز، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى كۈچەيتىپ، پورت دۆلەت دەرۋازىسى، شىنجاڭغا كىرىش دەرۋازىسى، مەھەللە، ئىدارە - ئورۇن دەرۋازىلىرىنى قەتئىي ياخشى ساقلايمىز، 8 تۈرلۈك كۆزىتىش، سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى ھەقىقىي ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي مۇستەھكەملەيمىز، كېڭەيتىمىز.

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! 14 - بەش يىل مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بۇرچىمىز شەرەپلىك، ۋەزىپىمىز مۈشكۈل، بىز جەزمەن ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرىمىز. سىياسىي قۇرۇلۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىمىز، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارىمىز، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلايمىز. پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرىمىز. قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تېزلىتىپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، پۈتكۈل جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۈرىمىز، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇق - مەسئۇلىيەت تىزىملىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مۇھىم، زور مەمۇرىي تەدبىر بەلگىلەشتە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلىمىز، سىياسىي كېڭەشنىڭ دېموكراتىك نازارەتچىلىكى ۋە ئاممىۋى نازارەتچىلىكى، ئاممىۋى پىكىر نازارەتچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىمىز. ھۆكۈمەتنىڭ ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ كەسپىلىشىش ئىقتىدارى، ئىقتىساد ۋەزىيىتىنى ئىگىلەش ئىقتىدارى، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرىمىز. پۈتۈن كۈچ بىلەن پاك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھۆكۈمەت بەرپا قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ تۈرلۈك تەلىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرىمىز، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىدارە قىلىش ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان، ئىشتا نەتىجە يارىتالايدىغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالالايدىغان سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىمىز. ھۆكۈمەت باشلامچىلىق بىلەن ئىقتىسادچىل بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مالىيە چىقىم قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، چىقىمنىڭ يېڭىدىن ئېشىشىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، ئادەتتىكى چىقىملارنى قاتتىق تىزگىنلەپ ۋە ئازايتىپ، يەرلىك ھۆكۈمەت يوشۇرۇن قەرزىنىڭ يېڭىدىن كۆپىيىشىنى توسۇپ، ھۆكۈمەت ئىقتىسادچىل بولۇش بەدىلىگە خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى تۇرمۇشىنى قولغا كەلتۈرىمىز، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ «جاپا كۆرسەتكۈچى» بەدىلىگە خەلق ئاممىسىنىڭ «بەخت كۆرسەتكۈچى»نى قولغا كەلتۈرىمىز. ئىستىل ياخشىلاشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ھەم ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يولغا قويۇش چارىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت خاھىش»نى داۋاملىق تۈزەيمىز. بارلىق شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ تۈگىمەس ھۆججەتتىن، ئۈزۈلمەس يىغىندىن، باھالاش - تەكشۈرۈشلەرنى كۈتۈۋېلىشتىن، ماتېرىيال - جەدۋەل يوللاشتىن قۇتۇلۇپ، تېخىمۇ كۆپ زېھنىنى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قارىتىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىمىز.

ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈلۈپ بولدى، ئارزۇ كۆرەش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ! بىز يېڭى دەۋردىكى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىگە مەردانە قەدەم بىلەن ئاتلانماقتىمىز. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ 3 - قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەممە بىرنىيەتتە بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىتتىپاق - ئىناق، گۈللەنگەن - باياشات، مەدەنىي - ئالغا ئىلگىرىلىگەن، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خورام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى!

**(تەرجىمىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى ئۇچۇر، تەرجىمە - تەھرىرلىك باشقارمىسى بېكىتتى)**